ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

English Türkçe ئالاقە ئىئانە تور كۈتۈپخانىسى ئاكادېمىيە ئەزالىقى تەۋپىق مۇكاپاتى ئاكادېمىيە ھەققىدە شەرقىي تۈركىستان

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
كۈچ - قۇۋۋەت بىلىمدىندۇر، سائادەت ئىلىمدىندۇر.
Güç - Kuvvet Bilimdendir, Saadet İlimdendir.

داۋلىق كىشىلەر | دىن | ئەدەبىيات | پەن-مائارىپ | تارىخ | مەدەنىيەت | ئانا تىل | ۋەزىيەت ئانالىزى | مىللىي مەۋجۇتلۇق

سىزنىڭ ئورنىڭىز: باشبەت » ئانا تىل » ئانا تىل توغرىسىدا (3-قىسىم)

# ئانا تىل توغرىسىدا (3-قىسىم)

يوللىغۇچى: ئاكادېمىيە يوللانغان ۋاقتى: 2013- يىل 08- فېۋرال ئورنى: ئانا تىل

ULY gha aylandurup körüsh USY gha aylandurup körüsh UEY gha aylandurup körüsh


INTERNATIONAL
MOTHER LANGUAGE
DAY 21 FEBRUARY 2012
Learning in a language they can understand is vital for children to enjoy their right to quality education. Mother Tongue and Multilingual Education are key to reducing discrimination, promoting inclusion and improving learning outcomes for all.

## بالىلارغا ئىككىنچى تىلنى ئۆگىتىشنى قانچە ياشتىن باشلىسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ؟

ئەركىن سىدىق

مەن كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەخسۇس تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، نەچچە ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قوش تىللىق مائارىپ توغرىسىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىلەرنى توپلىغاندىن كېيىن، بۇ نەزەرىيىۋى ماتېرىياللارنى ھەر بىر شەھەرنىڭ مائارىپنى باشقۇرىدىغان ئورۇنلىرىغا تارقىتىپ بەرگەن. بالىلارغاقايسى تىلنى ئىككىنچى تىل قىلىپ ئۆتۈش، ئىككىنچى تىلنى قانچە ياشتىن باشلاپ ئۆتۈش ۋە ئۇنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۆتۈشنى ھەر بىر شەھەردىكى بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن مەكتەپ بىرلىشىپ قارار قىلغان.

مەن كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ بالىلارغا چەت ئەل تىلى ئۆگىتىشتىكى ئەھۋالى مۇنداق ئىكەن:

1)كۆپىنچە ئەھۋالدا، بالىلارغا بىر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىتىشنى باشلانغۇچ 4-سىنىپتىن باشلايدۇ. ئۇنى ئۆگىتىشنى 6-سىنىپتىن باشلىغان مەكتەپلەرمۇ بار. ئامېرىكىدا مېكسىكىلىقلارنىڭ نوپۇسى خېلى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كالىفورنىيەدىكى نوپۇسى 50 پىرسەنتتىن يۇقىرى. ئۇلار ئىسپانىيە تىلىنى ئىشلىتىدۇ. بەزى مەكتەپلەرچەت ئەل تىلى، بولۇپمۇ ئىسپانىيە تىلى ئۆگىتىشنى باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن باشلىغان بولسىمۇ، دەرس مىقدارى ئىنتايىن ئاز، مەسىلەن، ھەر ھەپتىسى 15 مىنۇتتىن 30 مىنۇتقىچە.ئامېرىكىدا مېكسىكىلىقلارنىڭ نوپۇس سانى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن مەكتەپلەر ئىسپانىيە تىلىنى بىرىنچى چەت ئەل تىلى قىلىپ تاللايدۇ.

2) ئامېرىكىدا مېكسىكىدىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن بالىلارغا ئاچقان مەخسۇس سىنىپلار بار بولۇپ، ئۇلار باشلانغۇچنىڭ 4-سىنىپىغا كىرگىچە ھەممە دەرسلەرنى ئىسپانىيە تىلىدا ئوقۇيدۇ.

3) ھازىرغىچە بايقالغان ئىلمىي نەزەرىيىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر بىر بالا 10 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن بىر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشنى باشلىسا، ئاشۇ چەت ئەل تىلىدا سۆزلەش ۋە يېزىش جەھەتتە شۇ تىلنى ئانا تىل قىلغان مىللەت ئادەملىرى بىلەن ئوخشاش سەۋىيىگە يېتەلەيدۇ.

4) ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ھۆججىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، بالىلارنىڭ بىر چەت ئەل تىلىدا تولۇق ساۋات چىقىرىشىغا 4 يىلدىن 6 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ. ئەگەر بالىلار باشلانغۇچنىڭ 4-سىنىپىدىن (يەنى 9 ياشقا كىرگەندىن) باشلاپ ئىككىنچى تىلنى ئۆگىنىشنى باشلىسا، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ تولۇقسىزنى پۈتتۈرگۈچە ئۇ تىلدىن تولۇق ساۋاتنى چىقىرىپ بولالايدۇ.

دېمەك، ئەگەر ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ ئامېرىكىدىكى بىلەن ئوخشاش ئىش تۇتسا، ئۇيغۇر بالىلىرى باشلانغۇچنىڭ 4-سىنىپىغا چىققىچە ئانا تىلدا ئوقۇپ، 4-سىنىپتا كۆچكەندە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشنى باشلاپ، تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە خەنزۇچىدە ساۋاتلىق بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە ئىنگلىزتىلىدىكى ساۋاتنىمۇ خېلى بىر يەرگە ئاپىرالىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن.

(بۇ بىر كۆپ قىسىملىق ماقالىنىڭ 3-قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ داۋامى بار. بۇ ماقالىنى ھېچ كىمدىن سورىماي،مەنبەسىنى ئەسكەرتكەن ھالدا باشقا ھەر قانداق تورغا چىقارسىڭىز بولىۋېرىدۇ)

ئەسكەرتىش: ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تور بېتىدىكى يازمىلار ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز-قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تور بېتىمىزدىكى يازمىلارنى مەنبەسىنى ئەسكەرتكەن ھالدا كۆچۈرۈپ كەڭ تارقىتىشقا بولىدۇ.

دوستانە ئۇلانمىلار – 2
ئالتۇن ئوق تورى
ۋەتىنىم مۇنبىرى
ئەلكۈن تورى
ئەۋلات تورى
ئ ب تورى
ئ ۋزىيەسى

دوستانە ئۇلانمىلار – 1
ئامېرىكا ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
ياۋروپا ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
ئاۋستىراليە ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى
RFA ئۇيغۇرچە
ئۇيغۇر رادىئو تېلېۋىزىيەسى

ئاكادېمىيەنىڭ بۇرچى ۋە نىشانى
ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى - ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىي روھىنى ئويغۇتۇش ۋە مىللىي كىملىكىنى قوغداش بىلەن بىرلىكتە، قۇتادغۇ بىلىگ ئىنستىتوتى قۇرۇش ئۇنى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر ساھەدە مىللەتكە

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
ئاكادېمىيە ھەققىدە
ئاكادېمىيە ئەزالىقى
تور كۈتۈپخانىسى
تەۋپىق ئوقۇش مۇكاپاتى
ئىئانە
ئالاقە